# ئۆزخەت مەشىق دەپتىرى

(ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى)



www.yolyar.com




ئۇ
ي
غ
،
ر
ت
د
ل
ى
«مۇ
خەم
مە
س
»

# ئۇيغۇر تىلى

## «مۇخەممەس»

ئابد ٛ رېھىم ئۆتكۈر

بىل شۇنى، ئۇيغۇر ئۈچۈن پۈتمەس گۆھەر ئۇيغۇر تىلى،
مەڭگۈ پاتماس زەر قۇياش، نۇرلۇق قەمەر ئۇيغۇر تىلى.
بىپايان تىل كۆكىدە چولپان، ئۈكەر ئۇيغۇر تىلى،
مەنىلەرگە با ي ، تېرەندۇر شۇ قەدەر ئۇيغۇر تىلى.
بولدى تارىختىن بېرى بىزگە پەدەر ئۇيغۇر تىلى.

ئانا تىل ھەردەم قوۋم - مىللەت ئۈچۈن روھ تۈۋرۈكى،
ئانا تىل پەن - مەرىپەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى.
ئانا تىل چوڭۇ- كىچىكنىڭ يۈرىكى، تا ٛ - يۆلىكى،
ئانا تىل ۋاستە - قورال ئالاقىدە، قەلب ئەينىكى.
بىزنى قۇچتۇرغان جىمى ئىشتا زەپەر ئۇيغۇر تىلى.

پەنگە ئاشىق - بىقارار قىلدى مېنى دىلبەر تىلىم،
تارتتى رايىمنى ئۆزىگە ھەر قاچان ئەنبەر تىلىم.
ئەلگە دىل رىشتىمنى چاتتى بال - شېكەر، كەۋسەر تىلىم،
بولدى ئەل دۈشمەنلىرىگە تىغ - تەبەر، نەشتەر تىلىم .
ھەممىمىزنى قىلدى دائىم بەھرىۋەر ئۇيغۇر تىلى.

<ئا> بىلەن كىردى ئېغىزغا، تىل - زۇۋانغا مەڭگۈ تەم،
قىلدى تىل ئاقىل، نادانلارغا بېرىپ ئىدراكۇ پەم.
تىل چېچىلغاننى يىغىپ قىلدى ھامان بىر يەرگە جەم،
تىل بىمار، ئاجىز - ئورۇققا ئەم - داۋا، ئاچلارغا يەم .
خاسىيەتلىك تىل تۇمار، قالقان - سىپەر ئۇيغۇر تىلى.

يۈرىكىمگە كەلدى سۆزلەپ مۇشۇ تىلدا جان بوۋام،
مەن ئىجات ئەتتىم مۇشۇ تىلدا، قىلىپ پەرۋاز داۋام.
مۇشۇ تىلدا سايرىدى بۇلبۇل كەبى ھەقدار بالام،
مۇشۇ تىل بەردى چىدام، مەردلىك، ۋاپادارلىق مۇدام.
قان قېرىنداشلارغا رىشتە، جانجىگەر ئۇيغۇر تىلى .

سۇ بىرىپ ياشناتتى بىزنى ئانا تىل - ئالتۇن بۇلاق،
ئۇ - چىراق، پەرۋانە بىز، ھەرگىزمۇ كەتمەيمىز يىراق.
ئانا تىل يىلتىز، ئۇزۇق ئالغۇچى بىز — نوتا - ئۇلاق،
ئانا تىلدا دەرس ئېلىپ، تاپتۇق ئەقىل، سەمرىپ قۇلاق.
بىزگە پۈتمەس كان، خەزىنە شام - سەھەر ئۇيغۇر تىلى .

قويدى تاڭ دۇنيانى شۇ تىلدا قىلىپ بۇلبۇل ناۋا،
تاپتى شۇ تىلدا پۈتۈلگەن كۈي - غەزەل يۈكسەك باھا .
ھەر تەرەپتىن ياغدى ئالقىش، <مىڭ ياشا !>دېگەن سادا،
مۇشۇ تىل شۆھرەتكە نائىل ئەيلىدى، سالدۇق ساما .
ئىپتىخارغا پۈركىدى ئۇيغۇرنى زەر ئۇيغۇر تىلى .

شاھ مۇقامنى مۇشۇ تىلدا ئاڭلىدى ئەھلى جاھان،
مۇشۇ تىل دىللارنى دىلغا ئۇلىغان رىشتە ھامان .
مۇشۇ تىل بىرلە يۈسۈپ، ھەزرەت ناۋائىي تاپتى شان،
مۇشۇ تىلغا جان بېرىپ مەھمۇد بوۋام تۈزدى دىۋان.
مەڭگۈ ئەنگۈشتەر، يېزىشتا شاھ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى .

مۇشۇ تىل بىزگە جاھاندا تەڭدىشى يوق، بىباھا،
مۇشۇ تىل بىرلە بىلىپ يەتتۇق نېمە توغرا، خاتا .
مۇشۇ تىل مەڭگۈ قەدىردان، مېھرى ئاتەش جان ئانا،
مۇشۇ تىلنىڭ شۆھرىتىنى قىل ھىمات، جاننى ئاتا .
پىر بولۇپ بىزگە ئۆگەتتى كەسىپ - ھۈنەر ئۇيغۇر تىلى .

ئانا تىل قالغان ئانامنىڭ ئانىسىدىن يادىكار،
ئانا تىلغا يۇغۇرۇلغان چىن غۇرۇر ۋە ئىپتىخار .
ئانا تىلنى ئاڭلىسام جۇتنى سىزەرمەن گۈلباھار،
ئانا تىل بار - ئەلمۇ بار، ھېكمەت، مۇھاببەت ھەممە بار.
بىزگە ئاش - نان‌دەك زۆرۈردۇر، ھەمسەپەر ئۇيغۇر تىلى .

بولغۇسى قەدرىم پاخال - خەس، بولمىسا گەر ئۆز تىلىم،
ئۆز تىلىم بار، ئا ـ ، قۇياشتەك تۇرىدۇ پارلاپ دىلىم .
بارمۇ مەندەك با ـ جاھاندا، ئۆتتى شاد ھەر ئا ـ ، يىلىم،
ئۆز تىلىمدا بۇ ھايات دەرياسىدىن سۈزدۇم بىلىم .
ماڭا ئۇستاز، رەھنەما چىن ئىچ كۆيەر، ئۇيغۇر تىلى .

خىسلىتى يازغانغا پۈتمەس، تىل ھايات، بىزمۇ ھايات،
مۇشۇ تىل بەركاتىدىن تاپتۇق روناق، ئەل - يۇرت ئاۋات .
كۆنسېرى ئۆرلەشكە بولدى مۇشۇ تىل تالماس قانات،
مەن بۇڭا دىل بەرگىنىمچۈن، ئارمىنىم بىخ ياردى شاد .
ئۆتتى مەيلىمنى، بېرىپ دىل، ھۆددىگەر ئۇيغۇر تىلى .

تىزگىنىن چىڭ تۇت ۋاقىت تۇلپارىنىڭ، باش قاشلىما،
بولسا بىل كۆپ تىل، ئەقىل، كۆپ تاپ ھامان، يانپاشلىما .
بۇ قۇرالدىن پايدىلان ياخشى، كېيىن كۆز ياشلىما،
شاھ بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئەمما ئۆز تىلىڭنى تاشلىما .
قىلغىنى بىزنى مۇزەپپەر، مۆتىۋە ر ئۇيغۇر تىلى .

ھەر كىشى كۆپ زوق ئالار سۆز سۆزلىسە ئۆز تىلىدا،
شۇڭا مەن ئانا تىلىمغا قىلمەن چىن ئىقتىدا .
ئانا تىلسىز گال، كېكەچ مەن، بولمەن جاندىن جۇدا،
چىن يۈرەكتىن ئەيلىدى ئابدۇرېھىم مۇنداق نىدا .
سۆيىدە ئاق، ئۆتىدا كۆپ ! دۇر - گۆھەر ئۇيغۇر تىلى !.

## ماقال- تەمسىللەردىن تاللانما (قول مەشقى)

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روھىڭ سامان بولماس.

ئاتا-ئانا ھايات مازار

ئاتا-ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

ئاتا بىلەن دادا يوق، لاۋا سالغان پاشا يوق.

ئاتا-ئاناڭنى ياخشى باقساڭ، باللىرىڭدىن ياخشىلىق كۆرىسەن.

ئاتاڭنىڭ دۈشمىنى ساڭا دۈشمەن.

ئاتاڭ ئاسمان، ئاناڭ يەر.

قار ياغماي قىش چىقماس، ئۈچى سۈرمەي چىش چىقماس.

دادىسىنى خارلىغان داردا ئۆلەر، ئانىسىنى خارلىغان ياردا [ئۆلەر].

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا، ھەركىم بارار قېشىغا.

يالغۇز يۈرۈپ يول ئاپقۇچە، چىشىڭ تۆكۈلەر.

ياڭاق ئالساڭ چېقىپ ئال، يىپ ئالساڭ بېقىپ ئال.

ياخشىغا بەرسەڭ نەپ تېگەر، يامانغا بەرسەڭ گەپ تېگەر.

يول چاپقاننىڭ، پۇل تاپقاننىڭ.

ئۇشتاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا.

بوراننىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس (ماقال).

بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىسى كۈنلۈك يول.

قارغىشچى ئېغىزىغا قاغا چىچسۇن.

دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن.

چىچقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، ھىجايغاق قىزغا يىگىت.

بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر.

خوتۇن كىشىنىڭ ھېيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.

ھېيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ، ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

ۋاپا تاق، جاپا جۈپ.

ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

موللىنىڭ يامىنى ۋارافچى، ئوغرىنىڭ يامىنى قارافچى.

ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چىپچىنى تارايدۇ،

ھورۇن خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ كولۇڭنى كولايدۇ.

ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول.

تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، سىيگەكنىڭ كېگىز بىلەن.

بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار.

كۆز قورققاق، قول باتۇر.

ئەندىشىنىڭ ئېتى قورققاق.

ئورۇق كالسنىڭ پوقى يوغان.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك.

بارىدا پولدۇرۇڭ-پولدۇرۇڭ، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇڭ.

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق.

پۇرۇچ يېغساڭ تون بولۇر.

كېپىنكى پۇشمان ئۆزىگە دۈشمەن.

ئامبال ئوت قويسا يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىن چىراق.

هارۋىنىڭ جابدۇقى پۈتمەس، خوتۇن كىشىنىڭ كىيىمى پۈتمەس.

بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايغىدىن تۈتۈن چىقار.

سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر.

زاغرا نان قېتىقتا ياخشى، قېرى كالا پېتىقتا ياخشى.

ئەخمەقنى ناماز ئوقۇ دېسە، پېشانىسىنى يېرىۋالار.

بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا، پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا.

بايلىق بىلەن پېقىرلىق ئىككىسى ئىككى ئات.

ئۆردەك گۆشى يېسەڭ غازنىڭ پىيىدە بول.

پىتنىخورنىڭ سۆزى يامان، سۆزىدىنمۇ ئۆزى يامان.

گەپنىڭ يامىنى پېچىر، ئاتنىڭ يامىنى قېچىر.

كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا كەلمەس.

مىڭ پىراقتىن بىر ئەلىمىڭ يامان.

پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس.

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئۇچاق بېشىدىن چۈشمەس.

پىلانسىز ئىش يوق ئىش.

پىل بىلەن دوست بولساڭ، پىلخاناڭنى راسلا.

ئاتلىق يالغۇز ماڭغۇچە پىيادە بىللە ماڭ.

ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام.

خوتۇن قالسا ئەر تاپار، ئەر قالسا مال تاپار.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق.

توخۇنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە.

نادان قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا .

قىش ئوچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار.

تاي تېپىرلايدۇ، ھارۋىنى ئات تارتىدۇ.

ئەخمەققە مەنسەپ تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار.

كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت قورسىقىڭ ئاغرىسا، نەپسىڭنى تارت.

ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، باش تارىغان بىلەن خوتۇن.

ئېشىمنى ئاز دېمەڭ، بېشىمنى ئاز دېمەڭ.

بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە.

تاشنى سوقسا قوم بولۇر، تۆمۈرنى سوقسا قىل بولۇر .

ئۆچكە ئاغدا پۇل، ئۈزۈم باغدا پۇل .

دەرت كەلسە جۇپ، دۆلەت كەلسە تاق .

ئاقسىز ئېشەك ئاش يۈرەلمەس .

ئۆلگەن بولسا ئېگىسىنى ئاڭاي، ئىرىك بولسا يارىسىنى ئاڭاي .

بارلىق ياراشتۇرىدۇ، يوقلۇق ئالاشتۇرىدۇ .

ئاقساق يول ئالىشار، پىخسىق پۇل ئالىشار .

ئاما - ئاما كۆل تولار .

پۇل - پىششىق ئاماق .

ئامچە سۇدا ئال كۆكىرەر .

ئامغىلىق مال يوقالماس .

ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ، كۆڭلىدىن زەھەر تامىدۇ.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار، ئاۋار تورغا كىيىپ بار.

ئايدا كەلگەنگە ئاياق، كۈندە كەلگەنگە تاياق.

ياتقان ئورنىڭدىن تايىنىپ قوپما.

ئات ئورۇق، يول تايغاق، يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق.

ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېپىپتۇ.

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن.

ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.

ئەدبىرىڭ قانداق بولسا، ئەقىدىرىڭ شۇنداق بولار .

ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ ئەردىن .

ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىما، ساھىبخانىنىڭ ئەرىگە قارا .

ئەرگىسەڭ ئېرىق بولىدۇ، ئەرگىمىسەڭ ئېرىق .

كېسەلنىڭ كىلىشى ئاسان، كېتىشى تەس .

ئامچە سۇ ئاشنى ئېشەر .

بېلىق دەريادا سۇغا ئەشنا .

ئەر بىلەن كەلگەن، ئەشنالىققا داۋا .

تاز باشقا يېشىل تەقىيە .

سۆزۈك تاتلىق بولسىمۇ، تەكرار سۆزلىمە .

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار .

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە .

ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە.

غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە

تەڭ تېڭى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن .

تەن ساقلىق - تەڭدىشى يوق بايلىق .

مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز.

تەڭشەلمىگەن ئالەم ماتاكقا سالمىغان جان .

قورققان مۇش تەڭلەر .

كىشى نان تەڭلىسە يېمەيمەن دېمە، قولۇڭغا ئال، يېمىسەڭ يېمە .

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر، تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر .

غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق.

چوڭ توقاچ پىشقۇچە كىچىك توقاچ كۆيۈپتۇ.

قورساقنىڭ توقلۇقى، كۆڭۈلنىڭ شوخلۇقى.

ئۆيدىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى،

تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.

توغرا سۆزنىڭ توقمىقى بار.

ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ، توقۇمدىن ئايرىلما.

توكۇرنىڭ يولى كۆپ، گاچىنىڭ گېپى كۆپ.

پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك، پۇلى يوقنىڭ گېپى تۈك.

ھاپىتتىغا شاپىتتى، تۆگرىلىقىغا مەرەز.

توخۇ تۇغانسېرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقار.

ئۇماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ، مۇز يالاپ بۇرۇت تولغاپتۇ.

ئۆك ئاياق، سول ئاياق، بىزنى قىلدىڭ تومتاياق.

تونلۇقتا كۆپ سوغوق، تونسىزغا ئاز سوغوق.

توي-تونلۇقنىڭ، ھېيت ئاتلىقنىڭ.

بېخىل باي بولسا، ئانىسىنى تونۇماس.

ياخشى مالنى تونۇشقا كۆز كېرەك، ناچار مالنى سېتىشقا سۆز كېرەك.

سەدىقە بالانى يەر، تووا گۇناھنى يەر.

تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ كۆر.

ئوۋنى ئوۋلا ئوۋچى بىلەن، توينى ئوينا تويچى بىلەن.

تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.

كۆپ سۆزلىگەن تۇتۇلار، ئاز سۆزلىگەن قۇتۇلار.

گەپ دېگەنىڭ تۇرغۇچى بار.

تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.

گالدا نان تۇرسا سۇغا يۈگۈر، گالدا سۇ تۇرسا گۆرگە يۈگۈر.

ئادەمنىڭ ئەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ ئەمى تۇز بىلەن.

تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا چىچاي.

سۇ كەلگۈچە تۇغان سال.

تۇغۇۋالمىغۇچە، بالا بولماس.

تۇخۇ سەمرىسە، تۇغمىقى تەس، ئادەم سەمرىسە، قوپمىقى تەس.

سورافچىدىن تۇڭچى يامان.

چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر.

جان تۇمشۇقتا كەلگۈچە جان بەرمە.

ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن.

تۆشۈك قۇلاق نىمىنى ئاڭلىماس.

يىرتىق تۆشۈكتىن كۈلەر، چۆمۈچ قازاندىن.

تۆشۈك مونچاق يەردە ياتماس، يەردە ياتسا تۇپا باسماس.

قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا.

ئون تال يىڭنىنى سوقسا، بىر تال تۆمۈنە بولماس.

تۆھمەت تاش يارىدۇ، بايقىمساڭ باش يارىدۇ.

تۆھمەتخور ئاخىرى تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.

تۈتۈننىڭ ئاچچىقنى مورا بىلەر.

ئەركىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز.

ئاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولار.

ئۆتمەس ماتا زورلاپ ساتا.

دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق.

ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق.

بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.

دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار.

ئەقىللىق ئىشىنى ماختايدۇ، ئەخمەق خوتۇنىنى ماختايدۇ.

ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ، يامانىنىڭ مېزى.

قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار.

يۇمشاقتا ماقۇل، قاتتىقتا ياق-ياق.

پىچاق گۆشكە ماڭار، سۆڭەككە ماڭماس.

مېلى بارنىڭ مېلىغا، مېلى يوقنىڭ جېنىغا.

ماندارلىقتا ئات ئۆلمەس، ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس.

ئورۇق قوينىڭ مايىقى چوڭ.

ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق.

غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار، ئاز باشتىن مەرەز.

مەردنى مەيداندا سىنا.

مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن.

كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن .

«تۇر تۇر» كۆپ بولسا، ئۇيقۇدا مەززە يوق.

مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.

چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك.

ئون سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار.

يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم.

ئېرىق قولىقىدىن، بالا كىچىكىدىن مەلۇم.

سەن ئۆل مەن تىرىلەي.

مەنمەنلىك - شەيتانلىق.

ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرويىڭنى قوشۇپ يەر.

ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما، مىھنىتىگە قارا.

دوستلۇقنىڭ تۈلىمى - دوستلۇق.

ئۆمۈر ئۈزۈلمىگىچە ئۈمىد ئۈزۈلمەس.

ئەقىل — كېڭەش، پەرمان ئەمەس.

بايقۇشنىڭ بايلىقى — بالىسى.

تازىلىق — تەقۋالىق بىلەن بىر تۇغقان.

ئەخمەققە ئارغامچا كۆرسەتسەڭ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالار.

چىھرى ئىسسىق — چىرايلىق .

يالغان يالغاننى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

ئوغرىنى ئوغرىغا تۇتقۇز.

بۈگۈن ئويلاپ، ئەتە ئېيت.

ئۇچى تار ئۆزگىنى قەستلەيدۇ، ئۆزىگە يېپىشىنى بىلمەيدۇ.

جىنىڭ تۇتسا يۈزگىچە ساناپ چىق.

تىلەكلا بولسا، بىلەك تېپىلىدۇ.

قەلەم قىلىچتىن ئۆتكۈر.

پۇلنىڭ قىممىتى قەرز ئالغاندا بىلىنەر.

ئەتىكى تۇخۇمدىن بۈگۈنكى تۇخۇم ئەۋزەل.

ياخشى ئاشپەزگە ئىشەنگۈچە، ياخشى ئاشقازىنىڭغا ئىشەن.

ئىشتىغا قاراپ يۇرەرسەن،

ئىچ سىرىڭنىمۇ بىلەرسەن.

تېپىز پىكىرلىك شائىر تېپتىقسىز قاپىيەگە ئامراق.

ئىختچاملىق — ئىختىسرانىڭ جىيىنى.

ئالۋاستىغىمۇ ئادىل بول.

ئىتتى تۇرۇپ ئۆزى ھاۋشىغان يامان.

بار ماختانسا تېپىلۇر، يوق ماختانسا چىچىلۇر .

قاغىنىڭ بالىسى ئۆزىگە ئاق.

ئۆيات ئۆلۈمدىن يامان.

چوڭ ياغاچنىڭ ئېگىلگىنى سۇنغىنى، ئەر يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.

خوتۇن ئالماققا پۇل كېرەك، پۇل بولمىسا كۆتۈش كېرەك.

كاناي مىستىن، بەلغەم ئىستىن.

كور تۇتقانىنى قويماس، گاس ئىشتكەنىنى.

سۇپۇرسىدا قۇرۇق ئۇن يوق، قىزنىڭ ئىتى مارجان بۇۋى.

پۆتەر ئىشىنىڭ بېشىغا، ياخشى كىلۇر قېشىغا.

يول ئېغىز بولماي، يول ئاياغ بول.

بىمارنىڭ تۈزەلگۈسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر.

ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا.

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.

ئەڭ تېگى بىلەن، ئېرەك قېپى بىلەن.

ماختانغان قىز تويدا ئوسۇرار.

ئۆزىنى ماختاش ئۆلۈمنىڭ قاراۋۇلى.

ئاينىڭ ئەھۋالى ئالەمگە مەلۇم.

ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

قۇشقاچ سۈمۈرسە پاتمان بولۇر .

ئىت ئالا بولغان بىلەن ئارسلان بولماس .

ئىش كۆرمىگەن يىرتىققا كۈلەر .

ئېپى بىلەن ئۇسۇرغاننىڭ قۇربانى بول .

چۆپنى خار كۆرسەڭ كۆزۈڭگە كىرەر .

ياخشى سالاپەت يېرىم مال .

ئاغا بولۇر يىگىتنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇر .

مەردنى مەيداندا سىنا، ئۇسۇرغاقنى دۈم ياتقاندا .

مۇزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقنىڭچە .

ئېتى ئۇلۇغ، سۇپۇرسى قۇرۇق .

چاشقان سىغماس ئىنىگە، غەلۋىر باغلار دۇمبىگە .

بالاغا سەۋىر، قازاغا رىزا .

كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن .

سۇنى قۇي سىڭەر يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە .

ئۆتمىگەن مۇشتۇمۇڭنى قويىنۇڭغا سال .

بۈگۈنى تاغ چۆرۈلۈپ كەلسە، ئەتىسى باغ چۆرۈلۈپ كېلىدۇ .

كىشىگە چوڭ سۆزلىسە، ئۆز بېشىغا كېلەر .

شەھەر كۆرگەن ئېشەكتىن قورق .

ئۈشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا .

كىشىگە سانىسا ئۆزىگە، قاشقا سانىسا كۆزىگە .

قەلب قازنى قاينىماس، قاينىسا ھەم قويۇلماس .

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام .

ياخشى قىل سۇغا سال، سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر، بىلمىسە خەلق بىلۇر.

كۈلەلمىگەن ئېمەڭگە ھىجايما .

ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا .

قىزنى كىم سۆيمەس، قىمىزنى كىم ئىچمەس .

كانايچىدىن يەل كېتىپتۇ، ھارۋىكەشتىن تىرتاك- تىرت .

ئۆمۈچۈك ئۆمىلىيەلمەس، ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەس .

ياخشىلار ئىپپىپ سۆزلەر، يامانلار ئەيىب سۆزلەر .

ھالىڭغا بېقىپ ھال ئارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن ئارت .

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا .

سەركە سۇ ئىچكۈچە، ئوغلاق مۇزلاپتۇ .

سىيگىنى بارساڭ، ئىشتىڭنى ياپ .

ئېگى پەس، ئۆزگەرمىكى ئەس .

موللامنى يوقاتقان بىر يەل .

ئەرگە بەرسەڭ ئېشىڭنى، ئەرلەر سىلار بېشىڭنى

ئىتقا بەرسەڭ ئېشىڭنى، ئىتلار چايىنار بېشىڭنى.

ياخشى بىلەن يەتتىڭ مۇراتقا. يامان بىلەن قالدىڭ ئۇياتقا.

يامانغا ياندىشساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا ياندىشساڭ قارىسى يۇقار .

ئىت يوق يەردە مۈشۈكمۇ قاۋايدۇ، پەخەس بولمىساڭ ئۆمۈ ئالايدۇ .

پىتتىن سىركىسى يامان، ئامبالدىن دوغىسى .

ئاز ئېشىم غوۋغاسىز بېشىم .

ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق .

تەك يىسە تەنگە سىڭەر، يالغۇز يىسە يەرگە .

مۇھىم تۆرنى كىشىگە ئۆتۈنمەك .

قۇيرۇقى ئۇزۇن توشقان، يامان بولۇر سۆزنى بىر-بىرگە قوشقان .

ئۇسسىغاندا چېلەكنى يوشۇرما .

بويىغا يەتكەن قىزنىڭ شۈك تۇرغىنى رازى بولغىنى .

بۇلاق يېرىق ئىزدەر، يېرىق بېلىق ئىزدەر .

پەمسىز چال، ساقىلىڭدىن ئۇيال .

قىز ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە .

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما .

ئەدىبىڭنىڭ يېڭى بىلەن ئەقىدىڭنىڭ ئېتىكىنى يوشۇرغىلى بولماس .

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس .

ئات ئالساڭ ئۆيۈڭ بىلەن كېڭەش .

ئەقىللىقلەر بۇلىقى كۆر، ئەل ئىزاسى ئۇنۇڭغا مەشھۇر .

ئۇېشى پال- پال، ئۈچى غال- غال .

پاقا كېرىلىپ يېلان بولماس، قېرى ياسىنىپ جۇۋان بولالماس .

كۆپ بىلەن كىڭەش، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭنى قىل .

بىرىدىغانىدا ئەييار، ئالىدىغانىدا تەييار .

ئەل يامىنى مانىغىت، قۇش يامىنى تانىغىت .

بىرەردە سانىقى تۈقۇز، ئالاردا ھىسابى ئوتتۇز .

تۇغرا سۆزگە تۇقۇناق، ئىزا ۋە كۆلپەتكە ياۋقىراق .

چىرايلىقتا ۋاپا يوق .

تاز تارتىپ بولغۇچە توي تارقاپتۇ .

ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن .

تويغا بارساڭ تويۇپ بار، شايى تونۇڭنى كىيىپ بار .

ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى، بۆرە يەيدۇ ئېشىڭنى .

ئىككى سۆيگۈ بىر كۆڭۈلگە سىغماس .

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچىكىڭ،

يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرىكىڭ .

ياخشى دوست سەپەردە سىنىلۇر .

دۈشمەنگە رەھىم قىلغانلىق، ئۆز جېنىڭنى تەقدىم قىلغانلىق.

ھايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى ياغ ئىتەر،

ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان ئىتەر.

ئېمىشنى بىلگەن قوزا ئىككى ئانىنى ئېمەر،

ئېمىشنى بىلمىسە ئۆز ئانىسىمۇ ئېپەر.

ئارغىماق ئات ئات بولماس، قۇلى ئازسا خوجىسى باقماس.

ئالدىرىغان ئارقىدا قالار.

ئىشنى كەلگەندە كۆرۈڭ، دوپپىنى كىيگەندە.

قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا .

ياتقا بەر قىزىڭنى، ياتتىن ئال سۆزۈڭنى .

ئەر تاللىغان يەردە قالار .

قىز ساقلىغۇچە تۇز ساقلا .

ئاشمۇ ئۆز جايىدا ئەزىز .

ھەر كىمنىڭ ئايى بار، كۆڭلىدە گۇمانى بار .

گەپ يۈزدە ياخشى ئۇسسۇل تۈزدە .

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى .

ھەسسىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق .

گۈلنى سۆيگەن تىكەننى سۆيەر .

ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك تاشلا .

يامانىنىڭ كۆچى ياپىلاققا يېتەر .

ئۆيلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر، چىشىمەي يىگەنلەر كۆشىمەي كېتەر

يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال.

ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس .

سىنىمىغانغا سىر تۆكمە .

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس .

ئىت قىلغاننى ئىتارچى قىلماس .

يالغان سۆزنى ئېيتسا بولۇر، ئېيتقۇچى دانا بولسا .

ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق، تىڭشىغۇدەك گېپى يوق .

قېرىندىشىڭ كەلسە كەلسۇن، بۆز خالتىسى كەلمىسۇن .

ساپال چىنە بولماس، بىگانە ئىنى بولماس .

قېرىندىشىم قارا قازىنىم .

يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى .

پېنىڭدا كىم بولسا چىرايلىقلىك شۇ. بېشىڭنى كىم سىپىلىسا،ماشايىخلىك شۇ

قىزنىمىغان كاڭدىن كات ياخشى، كۆيۈنمىگەن تۇغقاندىن يات ياخشى .

ئىككى قاغا پوق تالاشسا، ئۆۋچىغا ياخشى .

باردا پولدۇرۇق- پولدۇرۇق، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇق .

ئاز ئۆچكە مۈڭگۈز ئىلەپ قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپتۇ،

سولتەك ئېشەك قۇيرۇق ئىلەپ قۇلىقىدىن ئايرىلىپتۇ .

مۈك تۆككىلى قوشناڭ ياخشى .

كىشىنى چاقىقان ئۆزىنى چاقىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىگە ئوتنى ياقىدۇ .

يارىلىشىڭنى مەن ياراتتىم، يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن.

ئالدىرىماڭ يارەي، بىزگىمۇ بىر كۈن بارەي .

خوتۇنىمۇ خوتۇن، خوتۇنىنىڭ سۆزىگە كىرگەنىمۇ خوتۇن .

ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات .

ئىچى ياماندىن ئىت ياخشى .

تىكەنسىز گۈل بولماس، مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس .

قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا .

ئەيىپلىگەندىن ، كەچۈرگەن ئەلا

ئاقىلغا ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇرۇز

ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە

ئالىم بولماق ئاسان،ئادەم بولماق تەس

ئەخمەقنىڭ دوستى تولا ،پىيازنىڭ پوستى

ئۇستازى زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولۇر

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق

ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت، موللا باردا تىلىڭنى تارت

غېمى يوقنىڭ  جېنى يوق

سەۋەپ قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ

ئەقىل-ئىدراك تۈزىماس،ئىلىم-مەرىپەت خورىماس

قېيىن ئىش يوق ئالەمدە.كۆڭۈل قويغان ئادەمگە

ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق ،ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

قېرى بولسا نادان ۋە جاھىل، ئەقىللىق گۆدەكنى ئۈندىن ئەۋزەل بىل.

راست سۆزلىسەڭ قۇتۇلدۇڭ، يالغان سۆزلىسەڭ تۇتۇلدۇڭ

سەۋردىن ھالۋا پۈتەر.

لايدىن ياسىغان خام كوزا، سۇغا چۈشسە ساق چىقماس

تۇخۇ داڭگال چۈشەيدۇ،ئوچكە جاڭگال.

سەھەر قوپقان ئىبادەت ئۇلۇغلاردىن كارامەت.

سىپخىنىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ قورسىقى ئاغرىپتۇ.

رەندە سالغان ياغاچنىڭ يۈزىدە مىخ بولماس

ئۈينىڭ تۈۋىنقىغا ئۇرسا ، موڭگۈزى سىرقىراپتۇ.

نادانىنىڭ دوستى بولغۇچە دانانىڭ قۇلى بول

ئالدىراپ سالغان تامنىڭ ئۇلى بوش

ئۇخلىغان ئىتقا تاش ئاتما ، تۇنىمىغان قىزغا قاش.

تۇلا سۆزلىگەن تۇتىلار ،ئاز سۆزلىگەن قۇتىلار.

جىڭگىدىگە يېلىم يارىشار، ئادەمگە بىلىم يارىشار.

چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى ياخشى.

چۆجىگە تېرىق ياخشى ، سۇغا ئېرىق ياخشى .

دۈشمەننى ماختاپ ئۆلتۈر، ساتقىننى ساقلاپ ئۆلتۈر .

ساما ناغرا بىلەن، قىيتىق زاغرا بىلەن .

شەپەرەڭ كېچىدە ئۇچىدۇ، ھورۇن ئېچىدە ئۇچىدۇ.

قارىغۇ كۆزىنى قىسالماس، چولاق مىشقىرالماس.

تۆك ئېشىپ ئېرىق ئال، مۇز ئېشىپ بېلىق ئال.

قاغىنىڭ ئېقى يوق، ياخشىلىقنىڭ چېكى يوق.

بويتاق بازاردىن قالماس، تۇل خوتۇن مازاردىن.

پاختا كىر بولسا ماز بولۇر. باش كىر بولسا تاز بولۇر.

بالىنى ياشتىن ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن.

باشقا كۈن چۈشسە مازارغا بارۇر، يانچۇققا پۇل كىرسە بازارغا.

غالچا ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالمايدۇ،

دىدەك ئۆزۈك سالسا كىرمىگەن ئۆيى قالمايدۇ.

ئېشەكنى ئىززەتلىمەك ئېشەك ئۆزى بى ئىززەت

بار ئېرىشقاق، يوق ئۇرۇشقاق

ئەمگەك بىلەن يەر كۆكىرەر، دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرەر.

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن قايتماس

قىلىچ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس

قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۇزۇن پىلەكتە، چېچەكنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن ئېگەكتە

تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق، يەر سېنى قويماس قۇرۇق .

كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ، يۇمىلاق بولىسەن، تەرخەمەك ئىچىدە ئۇزۇنچاق

چوڭ بىلىق سۈنىڭ تېگىدە ياشايدۇ.

ئاچچىق يۇتۇش تاغ يۇتۇش.

ئاتلىق يېتىم كۆل يېتىم، ئاتىلىق يېتىم گۆل يېتىم.

چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما.

سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى.

تۆگمەن بىر ئايلانغۇچە، ئىگىسى يۈز ئايلىنار.

ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار، قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار.

پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە.

پوتا باغلىغاننىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەس.

كەمتەرلىك ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

ئاچارچىلىقنى باشتىن كەچۈرمىگەن تۇقچىلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

كىشى قايغۇسى ئېتەكتە، ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە.

ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغىچە ، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول

چارۋىچىلىق كۆچە-كۆچە، دېھقانچىلىق كۆندۈز كېچە.

ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن، ئاتنى ھەيدە يەم بىلەن

نىيەتنىڭ ئالاسى، خۇدانىڭ بالاسى .

ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن،يازنىڭ بېشى باھاردىن.

نەدە ئىتتىپاقلىق بار، ئۇ يەردە ھاياتلىق بار

كورگەن كۆرگىنىنى قىلار كورمىگەن نىمىنى قىلار

نان دىگەن ئىمان، نانىنىڭ يوقى يامان.

ئەلدىن كەچكىچە،جاندىن كەچ.

نەختىن ھەسەل چىقتى،نىسدىن كىسەل.

سەدىقە بالانى يەر ، تەۋبە گۇناھنى يەر .

رەمچى سالىدۇ رەمنى، كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى.

سورىغان بىلىم ئاپتۇ، سورىمىغان كېيىن قاپتۇ.

ئىنساپ يوق يەردە، ئىمان يوق.

بولمىساڭ ئىللىق چىراي ، ئاچمىغىن دۇكان ساراي .

باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت، ئەقىل بىلەن تۈلكە تۇت

ئەقلى يوق باشتىن ، سۆيى يوق قاپاق ياخشى.

ئىللەت تۈزەلمىگىچە، مىللەت تۈزەلمەس.

لاچىن قاراپ تاپىدۇ، تۈلكە ماراپ، بۆرە پۇراپ

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولۇر.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.

ساتار ئارىسى دۇئاردا يوق، بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل يىغىلسا باغ بولىدۇ.

كېسەلنى يوشۇرساڭ ، ئۆلۈمى ئاشكارا.

تۇغقاننى تاشلىساڭ يات بولۇر، تۆمۈرنى تاشلىساڭ دات بولۇر.

ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.

بىلىكىڭ تۈم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر.

ئاينى باقسا ئات بولۇر، بۆرىنى باقسا يات بولۇر

مېھماننىڭ كېتىشىنى سورىما، كېلىشىنى سورا.

كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم، ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ.

بىلىم دۆلەتتىن قىممەت.

قورساقنى توقلا، كەمبەغەلنى يوقلا.

يىڭنىنىڭ كۆزىدەك تۆشۈكتىن تۆگىدەك شامال كىرىدۇ.

ئويغاقنى زورلاپ ئۇخلاتقىلى بولماس.

ئۆلۈمگە تۇتىدىغانمۇ پۇل، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ پۇل.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى.

سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە

تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن.

نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن.

قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە.

كاللا ئۆتلەپ قولاق يەپتۇ، پاقالچاق ئۆتلەپ تۇياق.

مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق ، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

تىل كۆركى ماقال، ئەر كۆركى ساقال.

راستىنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ، يولۋاسنى كۆرسە ئايغان قاچىدۇ.

ئانىنى تونۇرغا ياق، ئاتىنى ئوقۇردا باق

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئىت بىلەن يولداش بولساڭ، قولۇڭدىن ئاياق چۈشمىسۇن.

ئاتنىڭ بىگىسىنى سايدا كۆر، خېچىرنىڭ بىگىسىنى لايدا.

گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس، ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق.

بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار.

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، ھورۇنلۇق ئەيىب

قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۈيقۇ.

ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار، ئادەم ئەمگەكتە.

زىرەك تىپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا كۆپۈپ.

كەكرىنى ئاشقا سالما، كەتمەننى تاشقا.

ھەرنىڭ زەھىرىگە چىدىغان ھەسەل يەر.

ئۇسسىساق ئالقان كاپ ئەت.

چاپانىنىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى.

كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرار.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس.

ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە قالماس.

كۆندىن قالدىڭ — ئايدىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ — يىلدىن قالدىڭ.

ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر، تۇغقاننىڭ جاندىن.

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز.

قاسساپنىڭ ئۇستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار.

تاۋۇز سىيگەكنىڭ، قارا كاۋا ئوسۇرغاقنىڭ.

قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

ئىش ئۈستىتىسىدىن قورقار.

يالغۇز قىز ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار.

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار.

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما.

ياشاش قىيىن، بۇزۇش ئاسان.

قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق، دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى.

جان بار يەردە قازا بار.

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.

خەت نۇسخىسىنى ئىشلىگۈچى: تۇرسۇنجان سۇلتان (ئالپ)

بەت تەييارلىغۇچى: ئابلەتجان ئىبراھىم (يۇلغۇنجان)

(ئەسكەرتىش: مەزكۇر تىزىس ئىنتىل سەيناسى‹تورى› دا خالىس تارقىتىلدى، سودا ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ)

2011- يىلى 12- ئاينىڭ 9- كۈنى